# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

1

1995

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1995ـ يىل 1ـ سان
(ئومۇمىي 79ـ سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994ـ يىللىق 21ـ، 22ـ ۋە 23ـ سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەتتىفاقتىنى كۈچەيتەيلى**
——بەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بازىسىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆزلەردىن قىسقارتىلمىلار
........................................ **گۇڭ يۈيجى، خۇ شۇدۇڭ، ليۇ سۇنكاڭ، ليۇ جى، جۇ چۇڭلى، لياڭ جۇ، فاڭ خۇيجيەن، لى جۇنرۇ**(2)

**پارتىيە 14ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»نى ئۆگىنىشتىن تەسرات**

**يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش** ........................................ **گۇڭ يۈيجى**(25)

ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك ........................................ **چېن جىنجاڭ**(41)

★1ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى نەشردىن چىقتى★

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14ـ قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

# ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەتقىقاتنى كۈچەيتەيلى

—— بەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بازىسىنىڭ
مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆزلەردىن قىسقار-
تىلمىلار

9-ئاينىڭ 6-كۈنى، ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەكلىپى بىلەن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆ- لەت مۇداپىئە داشۆسى ۋە شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئىبارەت بەش تەتقىقات بازىسىنىڭ مەسئۇللىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگو- چە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يىغىنغا باش تەھرىر يولداش شىڭ بېنسى رىياسەتچىلىك قىلدى. لىيۇ خەيفەن، ۋاڭ رۇيپۇ، لياڭ جۇ، فاڭ خۇيجيەن، جۇ چۇڭلى، خۇ شۇدۇڭ، ۋاڭ زۇمىن، لى جۈنرۇ يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى، يىغىن ئەھلى ئېچىلىپ-يېيىلىپ پىكىر بايان قىلدى؛ تەكلىپ قىلىنغانلاردىن ئىشى چىقىپ قېلىپ يىغىنغا كېلەلمىگەن گۇڭ يۈيجى، لىيۇ جى يولداشلار يازما پىكىر يوللىدى. كىتابخانلار پايدى- لانسۇن ئۈچۈن، يىغىندا بايان قىلىنغان قىسمەن پىكىرلەرنى قىسقارتىپ ئېلان قىلدۇق.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ماركسىزم نەزەرىيىسى ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى

جۇڭگو ماركسىزم نەزەرىيىسى ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەنتەنىلىك بۇرچى

**گۇڭ يۈيجى**

بىر نەزەرىيە — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئون نەچچە يىل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ۋە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش يولىدىكى يېڭى، ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلدى، شەكىللەندى ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلماقتا.

بۇ نەزەرىيە تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە دەۋر تەرەققىياتى ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ نەزەرىيە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىلىۋاتقان چاغلاردا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى غەلىبىلەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا بولۇپمۇ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىبارەت غايەت زور ئوڭۇشسىزلىققا ئائىت تارىخىي تەجرىبىلەر ئۈستىدىن يېڭى، ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئاساسىدا، باشقا ئەللەرنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشى، غەلىبە قازىنىش ۋە مەغلۇب بولۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ نەزەرىيە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خاتا ئىدىيىسىنى تۈزىتىش جەريانىدا، ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىنى قەتئىي قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، يېڭى ئەھۋاللارغا يۈزلىنىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

بۇ نەزەرىيە ماركسىزم بىلەن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ يېڭى مېۋىسى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىدۇر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، 12-قۇرۇلتاي، 13-قۇرۇلتاي، 14-قۇرۇلتاي ئارقىلىق، بۇ نەزەرىيە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇلدى. ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ هازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى راۋاجى دەپ هېسابلانغان بۇ نەزەرىيە ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن بىللە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ تۇرماقتا. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بىلىش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۆگىنىش ئىقتىدارى بار كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەهبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ئۇلار بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش يولىدا ئاڭلىق هالدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ ئاساسىي شوئارى، بۇ هەقتە پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك هالدا پەيدىنپەي ئورتاق تونۇش هاسىل بولماقتا. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بىلىش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش پەيدىنپەي كەڭ كادىرلار، كەڭ زىيالىيلار ۋە كەڭ ياشلارنىڭ ئورتاق تەلىپى بولۇپ قالماقتا.

جۇڭگو ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، نۇرغۇن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە جىددىي ئۆزگىرىش بولغانلىقى بىلەن جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن روشەن سېلىشتۇرما هاسىل بولغاچقا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى دۇنيا مىقياسىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ، ئالدى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دۇنيادىكى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش يولىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى ۋە تەسىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن سىياسىي مۇددىئاسى باشقىچە بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ئۇلارنى ئويغا سالدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، بۇ نەزەرىيىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپ تەرەپلەرنىڭ ئېهتىياجىغا تېخىمۇ ئوبدان ماسلىشىش جۇڭگودىكى ماركسىزم نەزەرىيىسى ساهەسىدىكىلەرنىڭ تەنتەنىلىك بۇرچى بولۇپ قالدى. پارتىيە مەكتىپىدىكى نەزەرىيىچى خادىملارنىڭ جۇڭگونىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى قوشۇنىدىكى مۇهىم بىر كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ئىشنى ئۆزىمىزنىڭ مۇهىم مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر.

www.uyghurkitap.com

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش بويىچە دولقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇ زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش. بۇ دولقۇن پارتىيە مەكتىپىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئۆزگىرىشلەردىمۇ ئەكس ئەتتى. دەرۋەقە، بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كەڭ خەلقنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئورۇنداش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە رېئال ئەھۋاللار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بۇ جەھەتتە نەزەرىيىۋى تەشۋىقات-تەربىيە ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە پۇختا ھەم ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە مەن مۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىدىم: پارتىيە مەكتىپىدىكى نەزەرىيىچى خادىملار بۇ نەزەرىيە بىلەن پارتىيە مەكتىپىنىڭ كۇرسانتلىرىنى قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، تەربىيە بەرگۈچىلەر ئاۋۋال تەربىيە ئېلىشى لازىم، بۇ نەزەرىيە بىلەن باشقىلارنى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال بۇ نەزەرىيە بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى لازىم، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى بۇ نەزەرىيە ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. ئۆزىنى ئوبدان قوراللاندۇرماي تۇرۇپ باشقىلارنى قانداقمۇ قوراللاندۇرالايدۇ؟ دېمەك پارتىيە مەكتىپىدىكى يولداشلارنىڭ ئۆز ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ناھايىتى تەلەپچانلىق، ئەستايىدىللىق بىلەن، تازا جاپاغا چىداپ ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگودىكى ماركسىزم نەزەرىيىسى ساھەسىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، بۇ گەپ ئۇلارغىمۇ باب كېلىدۇ.

بۇ سۆزلەرنى مەن پارتىيە مەكتىپىدىكى يولداشلار بىلەن بىر-بىرىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، شۇنداقلا نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر بىلەن بىر-بىرىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن قىلغانىدىم.

مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە مۇنداق سۆزلەرنىمۇ قىلغانىدىم: پارتىيە مەكتىپىدە مەخسۇس دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سۆزلىنىدىغان دەرسلەر تەسىس قىلىنىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلماقچى. بۇنداق دەرسلەر ناھايىتى مۇھىم، ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆتۈش كېرەك. لېكىن، بۇ نەزەرىيە بىلەن كۇرسانتلارنى قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى يالغۇز بۇ مەخسۇس دەرسلەرگە تايانغان بىلەن ئورۇندىغىلى

بولمايدۇ، پارتىيە مەكتىپىنىڭ ھەممە نەزەرىيە دەرسلىرى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ ھەممە دەرسلەردە ئوخشاش بىر مەزمۇننى ئاددىي ھالدا تەكرارلاش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتكە، ئوقۇلىدىغان دەرسلەرگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىجادىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسى ۋە تارىخى سۆزلىنىدىغان ھەممە دەرسلەردە پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى ۋە نەزەرىيىۋى نەتىجىلىرىنى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى ئەڭ يېڭى راۋاجىنى بىرقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك دېگەنلىكتۇر. پارتىيە مەكتىپىنىڭ يەن تەتقىقات خىزمىتىدە مەخسۇس بۇ نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقات تېمىسىنى تەسىس قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى تەتقىقات خىزمىتىدە بۇ نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشى، بۇ نەزەرىيىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن تۆھپە قوشۇشى لازىم. پارتىيە مەكتىپىنىڭ نەزەرىيە قوشۇنىدا مەخسۇس بۇ نەزەرىيىنى ئوقۇتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان خادىملار بار، بۇنداق خادىملار يەنە لايىقىدا كۆپەيتىلىشى لازىم، لېكىن بۇ نەزەرىيە ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى مۇشۇ مەخسۇس تەتقىقات خادىملىرىغىلا تايىنىش بىلەن ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، پارتىيە مەكتىپىدىكى نەزەرىيە ئوقۇتۇش خادىملىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى بار. پارتىيە مەكتىپىدىكى كەڭ ئوقۇتۇش خادىملىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتناشقاندىلا، بۇ نەزەرىيىنى تەتقىق قىلغۇچىلار قوشۇنى ئاندىن كۆپ خىل يەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆپ تەرەپكە باغلانغان زور قوشۇن بولالايدۇ، بۇ نەزەرىيە ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ مەزمۇنغا باي بولۇپ، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا بىر قەدەر ماس كېلەلەيدۇ.

مېنىڭچە، بۇ ئوي-پىكىر ۋە تەلەپ پارتىيە مەكتىپىدىن باشقا ئىجتىمائىي پەن ئاپپاراتلىرىغىمۇ ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلىرىمنى جۇڭگودىكى ماركسىزم نەزەرىيىسى ساھەسىدىكىلەرگىمۇ تەقدىم قىلىشنى خالايمەن.

**(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى)**

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى ۋە تەتقىق قىلايلى

خۇ شۇدۇڭ، ليۇ سۇنكاڭ

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى —— ھازىرقى زامان جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش دولقۇنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە كۆتۈرۈلمەكتە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭچە، نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى، بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى چوڭ ئەمەس، لېكىن يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق، ئۇ ئەمەلىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، فاكچېن، سىياسەتلەر شەرھلەنگەن ئەسەر بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مەزمۇنى چوڭقۇر نەزەرىيىۋى ئەسەردۇر. ھەجمى چوڭ ئەسەرلا نەزەرىيىۋى ئەسەر دەپ قارايدىغان كۆزقاراش نەزەرىيىنىڭ ماھىيىتى بىلەن نەزەرىيىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان مۇجمەل قاراشتۇر. پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى بولغان يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەل جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ كۆرسەتتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى تۈپ نەزەرىيىنى شەرھلەپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرى ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىشنىڭ تارىخىي خاتىرىسى، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى سىستېمىلىق شەرھدۇر. ئەگەر مۇشۇنداق ئاڭغا ئىگە بولمىساق، تونۇشىمىز يەنىلا ”فاكچېن، سىياسەت“ ئۈستىدە توختاپ قالسا، جۇڭگوچە سوتسىيا-

لىزىم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى توپ ئاساسىدىن چۈشىنەلمەيمىز ۋە ئىگەللىيەلمەيمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرى ئىلمىي نەزەرىيە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىدۇر. ئەمەلىيەت ماركسىزمنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى، ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىش ماركسىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جېنى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى دەپ ئاتالدىكى، ئۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئاساسىي تېما قىلىنغان يېڭى دەۋردە، جۇڭگودەك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان چوڭ دۆلەتتە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ توپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىش ئاساسىدا بەرپا قىلغان يېڭى، ماركسىزمچە ئىلمىي نەزەرىيىدۇر. ئەمەلىيەتكە زىچ باغلانغان بۇ نەزەرىيىنى نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك ئەمەس دەپ قاراش ئاساسسىز قاراشتۇر.

نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ ھەم ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، نەزەرىيە ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئارمىيىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ۋەزىيىتى ياخشى، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭچە، بۇندىن كېيىن ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك مۇنداق ئىككى مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم: بىرى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسى، يەنە بىرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ قىسىملارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مەسىلىسى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئارمىيىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېگەنلىك، بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى بويىچە ئارمىيىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش دېگەندىن ئىبارەت. بىزنىڭچە، بۇ جەھەتتە مۇنداق بىرقانچە مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك: دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ماركسىزملىق ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسى تارىخىدا بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسىدە تۇتقان ئورنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزملىق ھەربىي ئىشلار پېنى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسىنىڭ يېپيېڭى راۋاجى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك؛ دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى

www.uyghurkitap.com

دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى نەزەرىيە سىستېمىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن، ئۇنىڭدىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك؛ دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئارمىيىمىزنى ئىنقىلابىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان ۋە مۇنتىزىملاشقان ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېلىمىزنىڭ ھەربىي ئىشلار پېننى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ قىسىملار قۇرۇلۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شۇنى تولۇق بىلىشىمىز كېرەككى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسادقا قوشقان بۆسۈش خاراكتېرلىك تۆھپىسىدۇر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات دولقۇنىدىكى ئاساسىي مېلودىيە بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى، سىياسىي ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى قاتارلىق ھەممە ساھەلەردە نامايەن بولماي قالمايدۇ، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئارمىيە كادىرلىرى، بولۇپمۇ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ۋە دۆلەتنىڭ رېئال ھاياتىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى چۈشىنىشى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ھەربىي خىزمەت، سىياسىي خىزمەت، ئارقا سەپ تەمىناتى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئارمىيىدىكى كادىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى بەرپا قىلىشى ۋە ساغلاملاشتۇرۇشى لازىم؛ مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز؛ مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاندىن يېپيېڭى قىياپەت ھاسىل قىلالايمىز.

(ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دۆلەت مۇداپىئە داشۆسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)

# ئالدى بىلەن پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك

لىيۇ جى

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، بارلىق نەزەرىيە ۋە شەيئىلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكىگە ئوخشاش، ئالدى بىلەن بىر پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇل مەسىلىسى بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كەسپىي نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم.

خۇددى ئەينى يىللاردا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگودەك مۇشۇنداق بىر يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتتە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى يېتەكلەپ غەلىبىگە ئېرىشكىنىگە ئوخشاش، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ھازىرقى زامان جۇڭگو سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگودەك ئىقتىسادى ۋە پەن-مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا ھەل قىلدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ھازىرقى زامان دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر، ھازىرقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى كەڭ كۆلەملىك چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ئىسپاتلىدى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى دەل ۋاقتىدا بولغان مۇھىم ئىش، بۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى تېزلىتىشىنىڭ توپ كاپالىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش، بۇ نەزەرىيىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ، چوڭقۇر ئىنقىلابىي قايناق ھېسسىيات ۋە تولۇپ تاشقان ئىلمىي قىزىقىش بىلەن ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەرھلەپ ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر ئۇلۇش تۆھپە قوشۇشقا تىرىشماقتا، شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ تەبىئىي ۋە ئەڭ شەرەپلىك ئىشمۇ ھېسابلىنىدۇ.

بىراق، ناتوغرا پوزىتسىيىدىكىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەسىلىسى ئاز سانلىق كىشىلەردىكى مەسىلە، تارماق ئېقىمغا تەۋە مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك.

بەزىلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە دەپلا قارايدۇ، ئىنقىلابىي قايناق ھېسسىيات ۋە ئىلمىي قىزىقىشى كەمچىل. بەزىلىرى بۇ نەزەرىيىگە دوگمىلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنى ھەرىكەت قىبلىنامىسى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە توغرا ئىگىلىمەيدۇ، بەلكى ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، نەقىل كەلتۈرۈپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ نەزەرىيىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بەزىلىرى بۇ نەزەرىيىگە ئەمەلىيەتتە گۇمانلىق پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش داۋامىدا ھەدېسىلا قۇسۇر چىقىرىپ، ئۇنى يورمىلايدۇ، ھەتتا ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساس ئىزدەپ يۈرىدۇ، مېنىڭچە، پوزىتسىيە توغرا بولمىسا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ھەرگىز ئوبدان ئۆگەنگىلى ۋە تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ.

پوزىتسىيە مەسىلىسىدىن باشقا يەنە ئۇسۇل مەسىلىسىمۇ بار. ھازىر، نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ... چىسى بولغان كىشى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلغاندا، ئۇ يەر-بۇ يەردىن كۆچۈرۈۋېلىش يولى بىلەن بىرنەچچە پارچە ماقالە يېزىش، بىرنەچچە پارچە مەخسۇس ئەسەر چىقىرىشقا ئىنتىلمەي، بەلكى "چوڭقۇر"، "ئەمەلىي" بولۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق، تېخىمۇ ئەمەلىيرەك قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرغان "گەۋدىلىك"، "قىيىن" ۋە "سەزگۈر" مەسىلىلەرگە تېگىشلىك ھەمدە ئۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش خەلققە بولغان چەكسىز ساداقەتلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ئۆزۈل-كېسىل ماتېرىيالىزمچىغا خاس زور سىياسىي جاسارەت ۋە نەزەرىيىۋى جاسارەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېڭى ئەھۋالنى

تەتقىق قىلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تەتقىقاتتا، ھەرقانداق بىر كونكرېت مەسىلە ئۈستىدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كەڭ دائىرىلىك ئاساسىي تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ھېچ بولمىغاندا تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بۇ مەسىلىدە (يەنى سىز تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلىدە)، ماركسىزم كلاسسىكلىرى زادى نېمىلەرنى دېگەن. ئۇنىڭدىن قايسىلىرىنىڭ ھازىرغا قەدەر يەنىلا توغرا بولۇپ، تەتقىقاتىمىزغا يېتەكچى قىلىشقا بولىدىغان ئومۇمىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، قايسىلىرى شۇ زامان، شۇ ماكاندا توغرا بولۇپ، ھازىرمۇ ئەينەك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، قايسىلىرى تارىخنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تولۇق ياكى توغرا ئەمەسلىكى مەلۇم بولۇپ، تۈزىتىشكە، تولۇقلاشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلىقىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك.

2. بۇ مەسىلىدە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى داۋامىدا ھاسىل بولغان تەجرىبە ۋە ساۋاقلار.

3. بۇ مەسىلىدە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىزگە قالدۇرغان قانداق ئېسىل مىراسلار بار، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ قانداق مەدەنىيەت مىراسلىرى بار.

4. بۇ مەسىلىدە، چەت ئەللەردىكى، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ كۆزقاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئەھۋالى، بۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، جەۋھىرى بىلەن شاكىلىنى ئېنىق ئايرىپ چىقىپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

5. بۇ مەسىلىدە، ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدە ھاسىل بولغان تەجرىبىلەر. شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئۆزىمىزنىڭ ئىزدىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئەڭ قىممەتلىكتۇر.

6. بۇ مەسىلىدە، نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋال، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مايىللىقىنى بىلىش، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ دائىرىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش، ئۇنىڭ يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلەش كېرەك. قىسقىسى مەسىلىنى توغرا ئىگەللەش كېرەك.

مېنىڭچە، بۇ ئالتە جەھەتتىكى تەتقىقات ئاساسىدا، تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تونۇشىمىز "چوڭقۇر"، "ئەمەلىي" بولۇش جەھەتتە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى پۈتۈن نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشقىمۇ تېخىمۇ زور پايدا كەلتۈرۈلىدۇ.

**(ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى تارىخىي ئورنى

جۇ چۇڭلى

ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بولۇپ، ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى ۋە يەكۈنلىنىشىدۇر؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ داۋاملىق بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتىغا ئاساس سالغۇچىلار، ئۇلار ئەركىن كاپىتالىزم دەۋرىدە، يېقىنقى زامان كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تەھلىل قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش ئاساسىدا، كاپىتالىزمنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ ۋە كوممۇنىزمنىڭ ھەرىكەت يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ، كۈچلۈك دۆلەت ئاپپاراتىنى قولغا ئېلىۋالغانىدى؛ پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان، سىياسىي جەھەتتە ئېزىلىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. پرولېتارىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، ئىنقىلاب ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئارقىلىق ئەمدىلا ئورنىتىلغان سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قوغداشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. بۇ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى. پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورناتقاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە قانداق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ تارىخىي ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىلىرى بۇ ھەقتىمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدەندى ۋە ئىلمىي تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىجتىمائىي مال-مۈلۈك مۇناسى-

ۋىتى جەھەتتە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك يولغا قويۇلىدۇ؛ ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى جەھەتتە تاۋار ئىگىلىكىنى چەتكە قاقىدىغان پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلىدۇ؛ مەھسۇلات تەقسىماتى جەھەتتە پۇل شەكلىدە بولمىغان ”ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش“ تۈزۈمى، ئاخىرى كوممۇنىزمغا خاس ”ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىش“ تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئەمما ماركس، ئېنگېلس پرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ئازاد بولغانلىقىنى زادىلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىگەنلىكى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئالدى بىلەن غەربتىكى كاپىتالىستىك ئەللەردە ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى نىسپىي ھالدا ئارقىدا قالغان شەرق ئەللىرىدە غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىلىرىنى كۆزىتىشى ۋە خۇلاسىلىشى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابى چار پادىشاھنىڭ يېرىم فېئوداللىق ھەربىي جاھانگىرلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇردى، روسىيە پرولېتارىياتى گەرچە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەستىن، چەت ئەللەردىكى جاھانگىر كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە غالجىرلىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. غەلىبىگە ئېرىشكەن روسىيە پرولېتارىياتى جىددىي سىنىپىي كۈرەشكە يۈزلىنىپ تۇراتتى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى بېسىش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش روسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا، لېنىننىڭ دائىم ئويلايدىغىنى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى ۋە پرولېتارىيان دىكتاتۇرىسىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئىدى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىنىڭ لېنىن ئويلايدىغان نۇقتىلىق مەسىلە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن روسىيىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ۋە خەلقئارا مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، لېنىننىڭ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1921ـيىل 4ـئايدا لېنىن كەسكىن ھالدا يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ ماھىيىتى ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئېتىراپ قىلىش، بازار ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم مېخانىزملىرىدىن پايدىلىنىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. 1921ـيىل 12ـئايدا، لېنىن تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ: ”پرولېتارىيات دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا

ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ تۈپ مەنپەئەتى مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، لېنىن يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ كېسەللى ئېغىرلىشىپ ئالەمدىن ئۆتكىچە ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ۋاقتى ئاران ئۈچ يىل بولغان، ئۇنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇسۇلىدە ئىزدىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىسى داۋاملىشىپ كېتەلمىگەن. ستالىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئېغىر خاتالىقلارنىمۇ سادىر قىلدى. مەسىلەن، سىياسىي جەھەتتە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋەتتى؛ قۇرۇلۇش فاڭجېنى جەھەتتە، ئاۋۋال ئېغىر سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېنىك سانائەتنىڭ ئۇنىڭغا ماس ھالدا راۋاجلىنىشىغا سەل قارىدى؛ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە تاۋار ئىگىلىكىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقىدىغان يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويدى؛ نەزەرىيە جەھەتتە دوگماتىزم، مېتافىزىكا بىلەن شۇغۇللاندى ۋە باشقىلار. قىسقىسى، ستالىن سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل قىلغان ئەمەس.

جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، 28 يىللىق قانلىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىدا ماڭدى. 1953-يىلى ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ 1956-يىلى چاقىرىلغان پارتىيە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئالدى-كەينىگىچە پارتىيىمىز ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېتىبار بەردى ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ زور غەلىبىسىنى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئىزدىنىشلەر يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا»، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي ئىقتىساد قوللانمىسى»نى ئوقۇشتىن خاتىرە قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ۋە پارتىيە 8-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىدە بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەمما 1957-يىلدىن باشلاپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، سىنىپىي كۈرەشنى تەكىتلەپ، "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش" يولىنى تۇتقاچقا، "سول" چىل خاتا ئىدىيە

بارغانسېرى كۆچىيىپ كەتتى، ئاخىر 10 يىللىق ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ كېلىپ چىقىپ، دۆلەتنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، خەلق ئىگىلىكى يىمىرىلىش گىرداۋىغا بېرىپ يەتتى. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەسىلىسىگە دائىر نۇرغۇن پارلاق ئىدىيە ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى، مەسىلەن، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، سانائەتنى يېتەكچى قىلىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، مەركەزنىڭ ئاكتىپلىقى بىلەن يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇش، قىممەت قانۇنىيىتى بىر چوڭ مەكتەپ دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملىق ئالغا سۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى مۇشۇ نەزەرىيىلەردىن چەتنەپ كەتكەن، ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن بېسىپ چۈشكەن، نەتىجىدە دۆلەت ۋە خەلق ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئېلىپ كىرىلىپ ئارام تاپالمىغان. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىنى ئەتراپلىق، توغرا ھەل قىلالمىغان.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بوسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى خەلقئارا سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ خۇلاسىلەپ، ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتىغا بىر قاتار يېڭى بايانلارنى كىرگۈزۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياراتتى. بۇ نەزەرىيە مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، جۇڭگودەك ئىقتىساد، مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا، دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بەردى، بۇ نەزەرىيە ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن مۇھىم ئورۇن ئالدى ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**(ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن ياشلارنى قوراللاندۇرۇش كېرەك

لياڭ جۇ، فاڭ خۇيجيەن

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى ئارقىلىق كەڭ ياشلارنى تەربىيىلەش مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەسىر ئاتلايدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم بىر ھالقا.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ئەسىر ئاتلايدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە ”مۇشۇ ئەسىرنى كۆزدە تۇتۇپلا قالماي، كېلەركى ئەسىرنى كۆپرەك كۆزدە تۇتقان“. ئۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىدە كېلەركى ئەسىرنى تېخىمۇ كۆپرەك كۆزدە تۇتقان. ئۇ ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسىنىڭ مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېتىشىۋېلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، مائارىپ مەسىلىسىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: بىر مىليارد ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەتتە مائارىپ يۈكسەلدۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى جەھەتتىكى زور ئەۋزەللىكىگە ھەرقانداق دۆلەت تەڭلىشەلمەيدۇ. ھازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپ بىرىنچى يىللىق سىنىپلىرىدىكى بالىلار 10 نەچچە يىل مەكتەپ تەربىيىسى ئالغاندىن كېيىن 21-ئەسىردە ئۇلۇغ نەتىجە يارىتىدىغان يېڭى جەڭگىۋار كۈچ بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ

مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ۋە ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىلمىي خۇلاسىلەش ئاساسىدا، 1980-يىلى "غايىلىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، كۈچلۈك" بولغان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش نىشانىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويدى: "ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنى تىرىشىپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، كۈچلۈك بولغان كىشىلەردىن قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك". كېيىن ئۇ يەنە كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، ئەڭ ئاساسلىقى، كەڭ خەلقنى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان خەلق قىلىپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەم ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، سىياسەت ئۈستىدە قۇرۇق گەپ ساتىدىغان "سول" چىللىقتا، ھەم توغرا سىياسىي يۆنىلىشتىن چەتنەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىنتىلىدىغان خاتا تەشەببۇسقا قارشى تۇردى. بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە تولۇق يېتىلگەن، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا ئەسىر ئاتلايدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تۈپ تەلىپى. بۇنىڭدا ئۇ غايە تەربىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم رولىغا، پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەشنىڭ غايەت زور تۈرتكىلىك كۈچىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان تەربىيىلىنىش مۇھىتى يارىتىش، ياخشى سىياسىي مۇھىتقا ئىگە قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كەلدى، ئۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش، "ھەممىدە پۇلنى كۆزلەش" قاتارلىق خاھىشلارنى "مەنىۋى بۇلغىنىش" دەپ يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭ دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان ئېغىر زىيىنىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ "ئون يىل ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك تەلىم-تەربىيە جەھەتتە كۆرۈلدى" دەپ بىرنەچچە قېتىم ئېيتتى. ئۇ بۇنىڭدىمۇ ئاساسەن ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى كۆزدە تۇتقانىدى. 1992-يىلى ئەتىيازدا ئۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا كىم كېپىل بولۇش مەسىلىسىنى چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەممىي ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، توغرا لۇشيەننىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنى ئەبەدىي ئامان قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جاھانگىرلارنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈمىدىنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئەۋلادلىرىمىزغا باغلىغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانغان پىكىردۇر. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇ "ئادەم تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش"نى ئالاھىدە تەكىتلىدى. شۇڭا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى چوڭقۇرلىشىۋاتقان دەۋردە، ئەسىر ئاتلايدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا، ئوخشاشلا ئىدى-

يېڭى-سىياسىي تەربىيىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ماتارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، يېڭى تارىخىي دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن ياشلارنى قوراللاندۇرۇش، شۈبھىسىزكى، ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم ھەم جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر.

يولداش دېڭ شىياۋپىڭ ياشلارنى جۇڭگو تارىخى ئارقىلىق تەربىيىلەش كېرەك دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بۇ، كەڭ ياشلارنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشكە يېتەكلەشتىكى مۇھىم ئىدىيىۋى تەييارلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى ئىنتايىن جانلىق تەربىيە، چۈنكى بۇ نەزەرىيە مول تارىخىي تەجرىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ياشلارنى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. بۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرۇلغان سوتسىيالىزم يولى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى بىر ئەسىردە مەملىكىتىمىزدىكى بىلىملىك زاتلار جۇڭگونىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تاللىۋالغان توغرا يولدۇر. خۇددى يولداش دېڭ شىياۋپىڭ ئېيتقاندەك، "بۇ تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، جۇڭگو كاپىتالىزم يولىغا ماڭسا بولمايدۇ، جۇڭگوغا سوتسىيالىزم يولىدىن باشقا ماڭىدىغان يول يوق. مۇبادا جۇڭگو سوتسىيالىزمدىن ۋاز كېچىدىغان بولسا، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە قايتىپ كېتىدۇ، 'ھاللىق' سەۋىيىگە يېتىشتىن سۆز ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ." شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ نەزەرىيە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ مەملىكىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەردى. ياشلارنى ئۆز تارىخىمىزدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. ئەسىر ئاتلايدىغان ئىختىساسلىق خادىملار بولۇپ قالىدىغان ياشلار ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، يولداش دېڭ شىياۋپىڭ پىلانلىغان "ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش" تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، 100 يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلقى ئىنتىلىپ كەلگەن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئىنتايىن بەختلىك بىر ئەۋلاد كىشىلىرىدۇر. ياشلارنى تەربىيىلەپ بۇنداق تارىخىي ئاڭغا ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

ئوخشاشلا، جۇڭگو تارىخىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي

لۇشيەننى ئېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا قوغدىغىلى ۋە ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ. ”بىر مەركەز،
ئىككى ئاساسىي نۇقتا“ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ سىياسىي لۇشيەن
جەھەتتىكى نامايەندىسى، شۇنداقلا پۇتكۇل نەزەرىيىگە سىڭدۇرۇلگەن بىر تال قىزىل يىپ.
يولداش دېڭ شياۋپىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى
ئاساسىي تەجرىبىلەرنى يەكۇنلىگەن ۋاقىتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسىيالىستىك زاماند-
ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش-- ئاساسىي لۇشيەنىمىز. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونى گۈللەندۇرۇش ۋە تەرەققىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن،
ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، تۆت ئاساسىي پرىن-
سىپتا چىڭ تۇرۇش، ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ
تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك.
بۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتا بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ.“ ئۇ مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىد-
كى، ئاساسىي لۇشيەن 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىش-
كە بولمايدۇ، ”مۇشۇ ئەۋلاد كىشىلىرى ئۆزگەرتىشكە بولمايلا قالماستىن، كېيىنكى ئەۋلاد
كىشىلىرى ۋە كېيىنكى بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ“. سوتسىيالىزم-
دىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ۋە راۋاج-
لانغان بۇ توغرا لۇشيەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، خەلقنىڭ
ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇنى ئۆزگەرتسەك، جۇڭگونىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى
نابۇت قىلىپ قويىمىز؛ كىمكى ئۆزگەرتىمەن دەيدىكەن، خەلق يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى
ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. بۇ توپ نۇقتىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئېنىقلى-
قى، سۆزىنىڭ ئىزچىللىقى ئۇنىڭ ئۆتتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ۋە سوتسىيالىزمغا
بولغان چىڭ ئېتىقادىنى تولۇق ئىپادىلىدى. كەڭ ياشلارغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ
جۇڭگونى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئىگە قىلىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى
چوڭقۇر چۈشەندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاساسىي لۇشيەن ئارقىلىق ئىدىيىنى، ھەرىكەتنى بىرلىككە
كەلتۇرۇپ، باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ باتۇرانە
ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قىلىش كېرەك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ توپ ئۈمىدى ئەنە شۇنىڭدا.

**(ئاپتور: دۆلەت مائارىپ كومىتېتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)**

www.uyghurkitap.com

# پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شانلىق تۇغى

**لى جۇنرۇ**

پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپتە، ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ”ماركسىزم-لېنىنىزم“نى پارتىيە تۇغىغا يېزىپ قويغانىدى؛ يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ۋە پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيى ئارقىلىق، ”ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى“دىن ئىبارەت بۇ جۇڭگوچە ماركسىزم-لېنىنىزمنى يەنە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغىغا يېزىپ قويدى؛ ھازىرقى زاماندا، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلاپ 14-قۇرۇلتاي چاقىرىلغانغا قەدەر، پارتىيىمىز ”دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى“دىن ئىبارەت بۇ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىنى يەنە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ تۇغىغا يېزىپ قويدى. بۇ ئىنتايىن زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: ”مەسىلەك بىر بايراققا ئوخشايدۇ، بايراق چىقىرىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئاندىن ئۈمىد باغلايدۇ، چاققان ئاتلىنىدۇ.“ ھازىرقى زامان جۇڭگوسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە راۋاجلاندۇرغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ تۇغقا ئىگە بولغاچقا، 50 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىغا ئىگە بىر چوڭ پارتىيە ۋە بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بىر چوڭ دۆلەت ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان، ئۇلارنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئۆزىگە روشەن ئالاھىدىلىك قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە، پارتىيىنىڭ ”دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى“نى تۇغ قىلىشى، تۈپ ئاساستىن ئالغاندا، پارتىيىنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا سوتسىيالىزم ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە باغلانغان ئىككى يېڭى مەسىلىگە دۈچ كەلگەنلىكىدىن بولدى. پارتىيە جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەر-

تشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرغان ۋە جۇڭگودا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا رەھبەرلىك قىلىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىر خىل دەۋر خاراكتېرلىك ۋەزىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىخىي يوسۇندا جۇڭگو كومپار- تىيىسىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بۇ مەسىلىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇق، نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، مول تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، شۇنداقلا چوڭقۇر ساۋاقلارنىمۇ ئالدۇق. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلا- بى“دىن ئىبارەت بالايىئاپەتتىن بۆسۈپ چىققان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، خەلققە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش سالاھىيىتى بارمۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلىدە قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر تەرەپتىن پارتىيە ۋە خەلقنى يېتەكلەپ قەتئىي ھالدا قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ”سول“ چىل يېتەكچى ئىدىيە بىلەن كۈرەش قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيە ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇردى؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەت- نى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن ئاساسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان سىياسىي لۇشيەننى ۋە كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇ- رۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان تەشكىلىي لۇشيەن- نى تۈزۈپ چىقتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش بىلەن بىرگە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ”جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش“ نىشانىنى بەلگىلەش بىلەن بىرگە تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇندىن ئېتىبارەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يول ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە پىكرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز ئاخىرى ئەمەلىيەت داۋامىدا سوتسىيالىزم بىلەن زامانىۋىلاش- تۇرۇشتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان جۇڭگوسى دۇچ كەلگەن بۇ ئىككى يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇشنى نىشان قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدۇق. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دوكلات يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئېيتقاندەك: ”بۇ پارتىيىمىز- نىڭ غايەت زور بەدەل تۆلەش ھېسابىغا ئېرىشكەن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق، پارتىيە ۋە خەلقىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ ئىلمىي خۇلاسىسى، بىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇلۇغ تۇغىمىز، مىللەتلىرىمىزنىڭ روناق تېپىش ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكىدۇر.“

پارتىيىمىزنىڭ تۇنجى يېزىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالدى، چۈنكى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان، بىراق خۇددى ئۇ ئۆزى 50-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا كۆپ قېتىم كۆرسەتكەندەك: ”سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا، بىزدە يەنە ناھايىتى زور قارامىلىق مەۋجۇت. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخى تونۇلمىغان نۇرغۇن زۆرۈرىيەت ئالىمى بار.“ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نى قوزغاپ بۇ خىل ”قارامىلىق“نى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ چېكىگە يەتكۈزدى. بىز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇش قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا توپلىغان مول تەجرىبىلىرىنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز، «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا»، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «كېڭەيتىلگەن مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىدىيە ۋە نەزەرىيە مەنبەسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ نۇرغۇن مۇھىم، توغرا ئىدىيىسى ئىزچىل يولغا قويۇلمىغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىلىق ئۇنى داۋاملاشتۇرغان، جارى قىلدۇرغان ھەمدە يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۇنى بېيىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان. بىز شۇنى تېخىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ”جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش“ مەسىلىسىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويغان؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنى توپلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ياكى ئومۇملاشتۇرغان. مەسىلەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى، ئۇ پارتىيىنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى قايتا بىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويدى؛ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى، ئۇ پارتىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يىغىنچاقلاپ چىقاردى؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى، ئۇ تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ئىجادىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويدى؛ بولۇپمۇ ھەر قېتىملىق زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرى ۋە ھالقىلىق پەيتلەردە، مەسىلەن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمىنى

مۇھاكىمە قىلىش مەزگىلىدە، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينىدە، 1979-يىل 3-ئايدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە، 1989-يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا سىياسىي ۋەقە يۈز بەرگەن ۋە ئارقىدىنلا شەرقىي ياۋروپادا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا جىددىي ئۆزگىرىش بولغان مەزگىلدە، مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەسۇر، كەسكىن ئىنقىلابىي جاسارەت ۋە مول سىياسىي تەجرىبە، ئاجايىپ رەھبەرلىك سەنئىتى بىلەن، بىرقاتار مۇرەككەپ ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق، توغرا ھالدا بىر تەرەپ قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى ۋە ئۈزلۈكسىز بېيىتتى. ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئۇ شۇ شەرەپكىمۇ مۇناسىپتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكىنىدەك: "يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى ھەقىقىي راۋاجلاندۇرغانلىقتۇر". نۆۋەتتە بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي يېڭى ئىش، بۇ پۈتۈنلەي يېڭى ئىشنى ئىشلەش داۋامىدا پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى شانلىق تۇغىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يېڭىلىق يارىتىشتا، يول ئېچىشتا جۈرئەتلىك بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن پۈختىلىق بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!

**(ئاپتور: شياڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان**
**تەلئەت ئىبراھىم**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئالىمجان سابىت**
**ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»نى ئۆگىنىشتىن تەسرات

# يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش

گۇڭ يۈيجى

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرنەچچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا: يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلابقا ياخشى رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە بىر يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ چاقىرىق پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە "ئۇلۇغ قۇرۇلۇش" دەپ بۇنداق ئاتاش يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «〈كوممۇنىست〉 ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما» دېگەن ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن. 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى قارارىنى ئۆگەنگەن چېغىمىزدا، بۇ ماقالىنى قايتىدىن ئۆگىنىشنىڭ خېلى چوڭ پايدىسى بولىدۇ.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يەنئەن دەۋرىدە سىستېمىلىق خۇلاسىلىنىش ۋە كۆپ تەرەپتىن ئالغا سۈرۈلۈش ئاساسىدا پىشىپ يېتىلگەن. ئالغا سۈرۈلگەن تەرەپنىڭ بىرسى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئىدى. شۇ چاغدا پارتىيىنىڭ ئىچكى ژۇرنىلى بولغان «كوممۇنىست»نى چىقىرىش-

تا دەل پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا ياردەم بېرىش كۆزدە تۇتۇلغانىدى. ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېرىلگەن بۇ بېغىشلىمىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى پىشىپ يېتىلگەن نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ مۇنداق ئىككى ئەڭ مۇھىم ئىدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرسى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك، كەڭ ئاممىۋىلىككە ئىگە، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن ماركسىزم-لېنىنىزملىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنى قۇرۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىشنى "ئۇلۇغ قۇرۇلۇش" دەپ ئاتىغان؛ يەنە بىرسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى جەريانى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ باغلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ 18-يىللىق تارىخىنى خۇلاسىلاش ئارقىلىق مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى يەنى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي لۇشيەنى جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەر (بىرلىك سەپ مەسىلىسى، قوراللىق كۈرەش مەسىلىسى) نى توغرا ھەل قىلغان چاغدا، پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى، مۇستەھكەملىنىشى بىر قەدەم ئالغا باسىدۇ؛ بۇ مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغان پاغدا بولسا، پارتىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى، مۇستەھكەملىنىشى بىر قەدەم چېكىنىدۇ دېگەن قانۇنىيەتنى ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن.

بۇ ئىككى نۇقتا بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنىڭ تۈگىنىنى بىلىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى يولىدىكى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ ئىككى قېتىم ئۇلۇغ ئىنقىلاب ئېلىپ باردى. ھەر بىر قېتىملىق ئىنقىلاب جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئۇلۇغ بىر قۇرۇلۇش بولغان، شۇنىڭ بىلەن باغلانغان ھالدا، پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

جۇڭگونىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا نېمە ئىش قىلماقچى؟ جۇڭگونى ئۆزگەرتمەكچى بولدى، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگونى يېڭى دېموكراتىزملىق ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بۇ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىشقا توغرا كەلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلدى ھەمدە ئۇنى سىياسىي لۇشيەننى توغرا ھەل قىلىشقا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى كەڭ ئاممىۋىلىككە ئىگە بولغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، ئىشچىلار سىنىپىغا مەنسۇپ بولغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. دەل پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن ئىبارەت جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىسى بارلىققا كەلدى.

جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلىبىلىك باشلاندى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا نېمە ئىش قىلماقچى؟ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگونى ئۆزگەرتمەكچى، يەنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، تەرەققىي قىلمىغان سوتسىيالىستىك جۇڭگونى زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا ئۆزگەرتمەكچى. بۇ جۇڭگونى ئۆزگەرتىش يولىدىكى يەنە بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، بۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يەنە بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇلۇغ بىر پارتىيە بولۇپ قۇرۇلغان تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە بىر قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ يەنە نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

مېنىڭچە، مۇنداق تۆت سەۋەب بار:

بىرىنچى، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ داۋامىدا، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن بولدى. ئىدىيىۋى، سىياسىي، تەشكىلىي ۋە ئىستىل جەھەتلەردە، ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە ئاممىا ئارىسىدىكى ئوبراز جەھەتلەردە، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ خىل بۇزغۇنچىلىق 1959-يىلدىكى خاتا ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەركىتىدىلا باشلانغانىدى، ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق بولغان ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ چېكىگە يەتتى. پارتىيىمىز سىياسىي لۇشيەنگە ئائىت ئاساسىي مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغان چاغدا، پارتىيەنىڭ تەرەققىياتى، مۇستەھكەملىنىشى بىر قەدەم چېكىنىدۇ دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىكى بۇ خىل چېكىنىش ناھايىتى زور بىر قەدەم بولدى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا كەلتۈرگەن زىيىنىنى، بۇ خىل زىيىننىڭ چوڭقۇر

ئاقىۋىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان پارتىيىنىڭ قايتا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنى ئېلىپ باردى، مۇھىمى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى، سىياسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي لۇشيەنى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى، پارتىيە تارىخىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنى تۇتتى. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى يولىدىكى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش دەل قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش داۋامىدا باشلاندى.

”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“غا قارىتىلغان قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئىشى ئاللىبۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ پارتىيىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قاتلامدىن تۈگىتىش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يەنە ئۇزاق مۇددەت خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، پارتىيىمىز چوڭقۇر تارىخىي بۇرۇلۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىدىن بولدى. بۇ بۇرۇلۇشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشى بويىچە ئېيتقاندا، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا، يېپىقلىقتىن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە، كونا قائىدىگە ئېسىلىۋېلىشتىن ھەر جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بولسا، پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش دەپ ئومۇملاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ چوڭقۇر تارىخىي بۇرۇلۇشلار پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدا يېڭى دەۋرنى ئېچىپ بەردى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا يېڭى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغىمۇ يېڭى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەت ئاستىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆزگىرىش جەريانىدا، پارتىيە قۇرۇلۇشى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىر تەرەپتىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئېسىل ئەنئەنىنىڭ پرىنسىپى ۋە روھىنى يېڭى ئەھۋالغا يارىشا داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇش لازىم، بەزى كونكرېت شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى بولسا، ۋەزىپە ۋە شەرت-شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش كېرەك، تامامەن ئەسلىدىكى شەكىل ۋە ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرسە

www.uyghurkitap.com

ماسلاشماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماس كېلىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش دېگەندە، پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېيىش كېرەك.

يەنە بىر تەرەپتىن، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇ-رۇۋاتقان ئەھۋالدا، سىرتتىن كەلگەن ۋە ئىچكى قىسىمدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان نۇرغۇن پاسسىپ، چىرىك ئامىللار يەنىلا پارتىيىمىزنى چىرىتىشى، پارتىيىمىز ئىچىدىكى مەيدانى قەتئىي بولمىغانلارنى، كاللىسى سەگەك بولمىغانلارنى ئېزىقتۇ-رۇشى ۋە ئەسىرگە چۈشۈرۈشى مۇمكىن. رېئاللىق بۇ مەسىلىنى كەسكىن ھالدا ئالدىمىزغا قويدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ كۆپ قېتىم پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا بۇ مەسىلىنى قويدى. پارتىيىمىز يېڭى، قاتتىق سىناققا دۇچ كەلمەكتە.

دېمەك، يېڭى تارىخىي دەۋردە، يېڭى ئەھۋالغا تېخىمۇ ماسلىشالايدىغان، يېڭى سىناقلارغا تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە زۆرۈر بولغان ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بىز بۇنى پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش دەپ ئاتىدۇق.

ئۈچىنچى، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى زور ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەنلىكىدىن بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر پارچىلاندى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىنى بۇ دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇشۇنداق ۋەزى-يەت ئاستىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ، يوق؟ بىر سوغۇق ئۇرۇش (ئامېرىكا بىلەن غەربنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان سوغۇق ئۇرۇشى) ئاخىرلاشتى، ئىككى يېڭى سوغۇق ئۇرۇش يەنە قوزغالدى، بىرسى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتىلغان، يەنە بىرسى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرگە قارىتىل-غان، بۇنداق ۋەزىيەتكە جۇڭگو تاقابىل تۇرالامدۇ، يوق؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر تەرەپتىن بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇنۇلارنىمۇ كۆرسەتتى: بىز بۇنىڭلىق بىلەن ھەممىنى قاراڭغۇ جاڭگال دەپ قارىساق، ۋەزىيەت يامانلىشىپ ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتتى دەپ ھېسابلىساق، ئۆزىمىزنى ئىنتايىن پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق دېسەك بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى چوڭ زىددىيەتلەر تۇرۇۋپتۇ، بىز پايدىلىنىشقا بولىدىغان زىددىيەتلەر تۇرۇپتۇ، بىزگە پايدىلىق شارائىتلار تۇرۇۋپتۇ، ئوبدان پۇرسەت تۇرۇپتۇ، بىز سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزىتىشىمىز،

پۈتمىزنى چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز، باش چۆكۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلەپ ئۆز ئىشلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز، جۇملىدىن پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىقتىسادىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىمىز، شۇنداقلا زېھنىمىزنى يىغىپ پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك. بىر مىليارد نەچچە يۈز مىليون جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان بولسىلا، بىز مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئۆزىمىزنىڭ بازىسىنى مۇستەھكەملىيەلەيمىز ۋە راۋاجلاندۇرالايمىز، سوتسىيالىزمنى دۇنيادا تېگىشلىك ئورۇنغا، ئىستىقبالغا ئىگە قىلالايمىز.

دېمەك، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن قارىغاندىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭى قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرىقىدەك زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى بار.

تۆتىنچى، تەشكىلىي ئەھۋالى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پارتىيىمىز ھازىر تەرەققىي قىلىپ 54 مىليون پارتىيە ئەزاسىغا ئىگە بىر چوڭ پارتىيىگە ئايلاندى، پارتىيە ئەزالىرى سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكى پارتىيە كۈچىنىڭ زورايغانلىقىنى، پارتىيە ئورگانىزمىغا نۇرغۇن يېڭى قان قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۇنداق چوڭ پارتىيە بولۇپ قېلىشى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرمۇ ئېلىپ كەلدى. تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇرەككەپ ۋە ئېغىر بولىدۇ. ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن پارتىيە ئەزالىرى ھازىر ئىككى مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىلىرى خىزمەت ئورنىدىن چېكىنگەن؛ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غىچە بولغان ئارىلىقتا پارتىيىگە كىرگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانىمۇ تۆتتىن بىر قىسمىغا يەتمەيدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا يېڭى كادىرلار بىلەن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئالمىشىشى زور كۆلەمدە يولغا قويۇلدى ۋە يولغا قويۇلماقتا، پارتىيە ئەزالىرىدىمۇ شۇنداق بولماقتا. پېشقەدەم رەھبىرىي كادىرلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋېلىشى، يېڭى رەھبىرىي كادىرلار، يېڭى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نەزەرىيىسى، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر مىزان، پارتىيىلىك تەربىيىلىنىش جەھەتلەردىن سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىشى لازىم. نەچچە ئون مىليونغا يەتكەن مۇشۇنداق بىر خىل كەچۈرمىش قۇرۇلمىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى پۇختا ھالدا تەشكىللەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى تەربىيىلەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا تاۋلىنىپ چىققان ياخشى ئەنئەنىلىرىنى ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرمىگەن پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا داۋاملاشتۇرۇش، پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ئەگرى-توقاي كەچۈرمىشلىرى جەريانىدا پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە ھاسىل بولغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى پۈتۈن پارتىيىگە قوبۇل قىلدۇرۇش، سەۋەنلىك ۋە ساۋاقلارنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئېسىدە ساقلىتىش، يېڭى دەۋردىكى ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، پارتىيىمىزنى ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش داۋامىدا چېنىقىپ چىققان پارتىيىگە ئوخشاش قەيسەر ۋە مۇستەھكەم قىلىپ قۇرۇپ چىقىش — بۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يۈكلەنگەن يېڭى ئۇلۇغ ۋەزىپىدۇر.

قىسقىسى، يېڭى خەلقئارا ۋەزىيەت (سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتلەردە كەسكىن رىقابەت بولۇۋاتقان ۋەزىيەت)، يېڭى ئىچكى ۋەزىيەت (تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇۋاتقان ۋەزىيەت)، يېڭى خىزمەت ۋەزىپىسى (كۈچىنى توپلاپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسى)، يېڭى تەشكىلىي ئەھۋال ھەققەتەن بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى بىر ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەلىبىلىك باشلانغان بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ھازىر يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە داۋاملىق ئالغا سىلجىتىلماقتا.

خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغاندا، پارتىيە قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئايرىلسا بولمايدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگىنىگە ئوخشاش، ھازىرقى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىمۇ، ئوخشاشلا، يېڭى دەۋردىكى ئىچكى-تاشقى مۇھىتتىن، يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپىلەردىن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەل پارتىيىمىزگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، پارتىيىمىزنى ئۆز قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ ماڭغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تارىخىي تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ

تەرەققىيات داۋامىدا غەلىبە قازانغانلىقى ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، خەلقئارادىكى تەجرىبىلەرنى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دائىر بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەرنى بىر قەدەر سىستېمىلىق هالدا دەسلەپكى قەدەمدە هەل قىلدى، هەمدە يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىي لۇشيەنىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى يولىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى پارتىيە رەهبەرلىكىدىكى يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلابنى چۆرىدىگەن هەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان هالدا، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى سىياسىي لۇشيەنىنى چۆرىدىگەن هالدا ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېڭى مۇهىت، ۋەزىپە، لۇشيەندىن ئايرىلىپ، نوقۇل هالدا تەشكىلىي جەهەتتىن، ئىستىل جەهەتتىن ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇهىم ئورنىنى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، پارتىيە رەهبەرلىكىدىكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا غەلىبە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چوقۇم پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرى ئىچىگە، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىگە بېقىندىغان ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇهىم ئورنىنى بىلىش ۋە ئىگەللەش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيمىز. مانا مۇشۇنداق تونۇشلا پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئورنى مەسىلىسىگە بېرىلگەن توغرا جاۋاب بولىدۇ، «‹كوممۇنىست، ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما» دا دېيىلگەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

### 2. پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى قانداق مۆلچەرلەش كېرەك

پارتىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئەهۋالىنى قانداق مۆلچەرلەش كېرەك؟ هازىر، يۇقىرىدىكىلەر نەتىجىنى كۆپرەك كۆرىدۇ، ۋەزىيەتنى ياخشى دەيدۇ، تۆۋەندىكىلەر مەسىلىنى كۆپرەك كۆرىدۇ، ۋەزىيەتنى ياخشى ئەمەس دەيدۇ، دەيدىغان گەپ-سۆزلەر بار. ئەمەلىيەتتە، مەركەزنىڭ هۆججەتلىرىدە، مەركەزدىكى رەهبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدە، جۈملىدىن بۇ قېتىمقى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدە هامان يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر نۇرغۇن تەرەپلەر سۆزلىنىش بىلەن بىللە، هازىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، بەزى پاسسىپ-چىرىك نەرسىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ، يامراپ كېتىۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاممىسىنىڭ ئىنتايىن نارازى ئىكەنلىكىمۇ سۆزلەندى. ئاما تەرەپمۇ نەتىجىنى ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ. مەسىلىنىڭ ھالقىلىق يېرى شۇكى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى مۆلچەرلەشتە توغرا ئۇسۇل بولۇشى كېرەك.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈل ۋەزىيەتتىن ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىدىن، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىدىن، پارتىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا نۆۋەتتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە مەسىلىلەرنى مۆلچەرلەشتىمۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ لۇشيەنى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ. مەسىلىنى مۇشۇنداق تونۇغىنىمىزدا ۋە تەھلىل قىلغىنىمىزدا، شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، خۇددى بۇ قېتىمقى قاراردا كۆرسىتىلگەندەك: ”11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى.“ ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزىدىغان بولساقلا، بۇ جەھەتتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش قىيىن ئەمەس.

مەسىلەن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى؛ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بەرپا قىلىندى؛ ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن تۈزۈپ چىقىلدى. «قارار» دا بۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى دەپ ئاتالدى، ياكى بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. يەنە كېلىپ پارتىيە قۇرۇلۇشى دېگەندە، ھەممىدىن ئاۋۋال كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشتۇر، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە قۇرۇلۇشىدا بۇ جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر، شۈبھىسىزكى، كۆرۈنەرلىك بولدى؛ بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدى.

پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەم ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بەردى، گەرچە بۇ جەرياندا بەزى ئەگرى-توقايلىقلار بولغان بولسىمۇ، ئومۇمەن بۇ ئىش خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى، بۇنى قالتىس مۇۋەپپەقىيەت دېيىش كېرەك. كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەش جەھەتتە ئەمەلىيەتتە ساقلانغان باقىمەندىلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر قاتلىمىدا كەڭ كۆلەمدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئالمىشىشى، كادىرلار قوشۇنىدا ياش قۇرۇلمىسىنىڭ ۋە بىلىم قاتلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ ئوخشاي قولغا كەلگەن ئەمەس. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ پارتىيە تۇرمۇشىدا ئەسلىگە

كەلتۈرۈلۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە ۋاقتى-قارارىدا چاقىرىلىپ تۇرۇشى، پارتىيىگە دائىر چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ يىغىنلىرىدا توغرا ھەل قىلىنىشى بۇرۇنقى بۇ جەھەتتىكى غەيرىي نورمال ئەھۋاللار (8-قۇرۇلتايدىن 9-قۇرۇلتايغىچە 13 يىل ئۆتتى، 9-قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى، پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بەش يىلدا بىر قېتىم مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىرىلىدۇ دېگەن بەلگىلىمىسىگىمۇ ئەمەل قىلىنمىدى) غا سېلىشتۇرغاندا، روشەن ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئىستىلى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ھازىر گەپ-سۆزلەر ئەڭ كۆپ، يەنە كېلىپ بۇ گەپ-سۆزلەر چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. بىراق پارتىيە ئىستىلىنى بىر مەسىلىگىلا يىغىنچاقلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. پارتىيە ئىستىلى، ئەنئەنىۋى سۆز بىلەن ئېيتقاندا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىستىلى، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىلى ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلىدۇر. مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىن پارتىيە ئىستىلىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن، مەسىلىنى كۆپ نۇقتىدىن كۆزىتىش كېرەك.

نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئىستىلى جەھەتتە، ئىدىيىۋى لۇشيەننى توغرىلاشتا غايەت زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنغانلىقىنى يۇقىرىدا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلى جەھەتتە، پارتىيىمىز ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى جۈملىدىن ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىكى خاتالىقلارنى ۋە شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نى كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتالىقنى ياپمىدى، بەلكى كەسكىن ھالدا ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى، بۇنداق جاسارەت، شىجائەت ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك جىددىي پوزىتسىيە يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش مەزگىلىدىكى پارتىيىنىڭ تارىخىنى خۇلاسىلەش ئىشى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا ئەرزىيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ؛ مەسىلە باشقا بىر جەھەتتىن چىقتى، يەنى ھازىر پارتىيە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىدا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش بەك يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار، بۇ ئىلگىرى پارتىيە تۇرمۇشىدا ساقلانغان كىشىلەرنىڭ ئەدەبىنى بېرىشتىن ئىبارەت بىر يۇرۇش ئۇسۇللارنىڭ ئەكس تەسىرىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئەدەبىنى بېرىش ئۇسۇلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كىشىلەرنى تەنقىد قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش پارتىيە تۇرمۇشىدىكى ئىلگىرىلەشتۇر، لېكىن باشقا بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن

ئىبارەت بۇ قورالنى تاشلىۋېتىش چېكىنىش ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھال پارتىيىنىڭ پاسسىپلىق ۋە چىرىكلىكنى توسۇش ۋە تۈگىتىش ئىقتىدارىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ —— پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ئىستىلى جەھەتتە، پارتىيىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي لۇشيەنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە ”سول“ چىل خاتالىق يۈز بېرىپ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقان چاغلاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتى. توغرا سىياسىي لۇشيەننى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدە، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسى تۈپ ئاساستىن كۈچەيدى. لېكىن پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەردە ساقلانغان ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىش، مۇبالىغە قىلىپ ئەھۋالنى يالغان مەلۇم قىلىش ۋە ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە ناتوغرا ئىستىلغا بېرىلىش قاتارلىق چىرىكلىك ئەھۋاللىرىنىڭ يامراپ كېتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسى ھازىر ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە ساقلانغان ئەھۋاللارغا چوقۇم جىددىي قاراش كېرەك، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باشقا جەھەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. كىشىلەر: ھازىر پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەھەتتە ئوبرازىنى تىكلىدى، بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ؛ بىر قەدەر ئەمەلىي ئىشلەش ئوبرازىنى تىكلىدى، بۇمۇ خېلى كۆپ ئېتىراپ قىلىنىۋاتىدۇ؛ بىراق پاكلىق ئوبرازىنى تىكلەش جەھەتتە تەلەپتىن خېلى يىراقتا تۇرماقتا، بۇ جەھەتتە پىكىر ئەڭ كۆپ بولۇۋاتىدۇ، دېيىشمەكتە. شۇنداق دېيىش كېرەككى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىيىتىدىن ئېيتقاندا، پاكلىق ئاساسىي تەرەپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر پاكلىقنى يوقىتىپ، پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ھازىر كەڭ ئامما ھەممىدىن بەك كۆز تىكىۋاتقان، شۇنداقلا پارتىيىمىز تەلىم-تەربىيە ۋە قانۇن-تۈزۈم ۋاسىتىسى ئارقىلىق بوشاشماستىن تىرىشىپ ھەل قىلىشقا كۈچەۋاتقان مەسىلىدۇر.

قىسقىسى، تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، يەنى مەلۇم كەيپىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي يول بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەيدىغان بولساقلا، بۇ مەسىلىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش يالغۇز پارتىيە قۇرۇلۇش مەسىلىسى ئە-

مەس، ئەمەلىيەتتە پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىنى مۆلچەرلەش مەسىلىسىدۇر. پارتىيە قۇرۇ-
لۇشى ئەھۋالىنى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر 11-نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىدە
زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئاشۇ يىللاردا
پارتىيە قۇرۇلۇشىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز
كېرەك. بولمىسا مۇنداق بىر مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ: پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىدىكى
مۇۋەپپەقىيەتلەر قانداق قولغا كەلتۈرۈلدى؟ پارتىيە قۇرۇلۇشى ناچارلىشىپ كەتكەن بولسا،
پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىغا رەھبەرلىك قىلىپ شۇنچە زور، ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەمتى؟
بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا يەنە ئىشەنچنىڭ نەدىن كېلىش مەسىلىسىمۇ بار. پارتىيىنىڭ
قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرمىگەندە، پارتىيىنىڭ ئىشلىرى جەز-
مەن غەلىبە قازىنىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچىمىز تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. دېمەك، پارتىيە قۇرۇلۇ-
شى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى توغرا مۆلچەرلەش پارتىيىنىڭ ئىشلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت-
لەر نەدىن كەلگەن ۋە پارتىيىگە بولغان ئىشەنچ نەدىن كېلىدۇ، دېگەن ئىككى توپ مەسىلىگە
تاقىلىدۇ.

ئوخشاشلا، پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەينەن،
تولۇق مۆلچەرلەپ، بۇ مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئىشىمۇ
مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئىشەنچنىڭ نەدىن كېلىش مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ. ھازىر پارتىيە قۇرۇلۇ-
شى جەھەتتە كىشىنى قايغۇغا ۋە ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس.
يولداش دېڭ شياۋپىڭ: "دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ غېمىنى يېيىش
كېرەك-تە!" دېگەندى، يولداش جياڭ زېمىن 4-ئومۇمىي يىغىندا يەنە مۇنداق دېدى:
"غەم يېيىش ئېغىزى دېگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز كېرەك-تە!
"، "پارتىيىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلغاندا، ئاساسىي ئېقىمنى ۋە نەتىجىلەرنى
كۆرمىسەك، خاتالاشقان بولىمىز؛ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىك،
ئۇنى ھەل قىلىش يولىدا كۈچلۈك تەدبىر قوللانماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ زور خاتالىقنىڭ كېلىپ
چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ." پارتىيىنىڭ غېمىنى يېيىش كوممۇنىستلار (پارتىيىنىڭ
رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى ھەربىر پارتىيە ئەزالىرىغى-
چە) نىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ ۋە پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولغانلىقىنىڭ ئىپادى-
سىدۇر. ئەمەلىي ئەھۋالدا راستىلا كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان تەرەپلەر بار:

www.uyghurkitap.com

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى توغرىلاندى، ئەمما بىر مەزگىلدىن بۇيان مۇبالىغە قىلىپ ئەھۋالنى يالغان مەلۇم قىلىش ۋە شەكىلۋازلىقتا بىرلىشتەك ناتوغرا ئىستىللار بەزى جايلاردا ۋە بەزى ئورۇنلاردا ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، بۇمۇ ئىدىيىۋى لۇشيەن جەھەتتىكى مەسىلىدۇر.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بەرپا قىلىندى، ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن تىكلەندى، ئەمما، ئىدىيە-نەزەرىيە جەھەتتە بەزى قالايمىقانچىلىقلار خېلى كەڭ دائىرىدە مەۋجۇت، پۈتۈن پارتىيىدە بۇ نەزەرىيە جەھەتتە مۇستەھكەم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش، بۇ ئاساسىي لۇشيەندە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، يەنىلا چوڭقۇر، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، ئەمما يېڭى ۋەزىيەتتە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە نىسبەتەن نۇرغان مۇجمەل تونۇشلار پەيدا بولدى، ئەمەلىي تۇرمۇشتا دېموكراتىيە يېتەرلىك بولماسلىق ۋە مەركەزلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋاللىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت، بەزىدە ھەتتا قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى يەنىلا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللار بار، قېلىپلاشتۇرۇش كۈچى ۋە چەكلەش كۈچى يېتەرلىك ئەمەس؛

پارتىيىنىڭ تەشكىلاتى ۋە قوشۇنى راۋاجلاندى، ئەمما پارتىيە پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرمايدىغان، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرمايدىغان ئەھۋاللار بەزى جايلاردا ۋە ئورۇنلاردا يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت، بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تارقاقلىشىپ كەتتى، بەزى پارتىيە ئەزالىرى غايە ۋە ئېتىقادتىن تەۋرىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ پارتىيە توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆز قارىشى سۇسلىشىپ كەتتى؛

پارتىيىنىڭ بىر قاتار توغرا سىياسەتلىرى ئاممىغا ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزدى، ئەمما كونكرېت خىزمەت ئەمەلىيىتىدە، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ھەتتا بەزى كادىرلار ئاممىنى بوزەك قىلىدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم مەۋجۇت؛

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، بىر تۈركۈم چىرىك ئۇنسۇرلار جازالاندى، ئەمما ئەھۋالنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىشىغا يەنىلا خېلى ئارىلىق بار، كىشىلەر بۇ جەھەتتىكى كۈرەشنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك راۋاجلىنىشىنى ئارزۇ قىلماقتا ۋە ھاكازالار.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش داۋامىدا، بۇ مەسىلىلەرنى پەيدىنپەي ئۈنۈملۈك ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ، ئاندىن كىشىلەر مەسىلىلەرنىڭ پەيدىنپەي ھەل قىلىنىش جەريانىدا پارتىيە ئىشلىرى جەزمەن غەلىبە قازىنىدۇ دېگەن ئىشەنچنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۇرغۇزىدۇ.

## 3. پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيە

يېڭى ئۇلۇغ ئىنقىلاب ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش يېڭى نەزەرىيەنىڭ يېتەكچىلىكىگە موھتاج. بۇ نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدۇر.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى —— بىر پۈتۈن گەۋدە، شۇنداقلا بىر ئىلمىي سىستېما. پارتىيە قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىدىن ئايرىلالمىغانىكەن، ئۇ ھالدا، ئالدى بىلەن، بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن پارتىيىنى مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش دەل پارتىيە قۇرۇلۇشى بويىچە بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشتۇر. «قارار»دا يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ نىشانى: پارتىيىمىزنى ”جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش“تىن ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇددى «قارار»دا ئېيتىلغاندەك، ”يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر مول مەزمۇنلۇق نەزەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.“ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئىلمىي سىستېمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. پۈتكۈل نەزەرىيە —— بىر چوڭ سىستېما، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيە —— مۇشۇ چوڭ سىستېما ئىچىدىكى بىر تارماق سىستېما. بۇ تارماق سىستېمىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سىستېمىنى ھاسىل قىلغان. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭ-

نىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت مۇشۇ چوڭ سىستېمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئىلمىي سىستېمىسى ئۈستىدە بىر قەدەر مۇكەممەل بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت تارماق سىستېمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋە ئىلمىي سىستېمىسىنى قانداق شەرھلەش كېرەك؟

14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيىسى يەتتە ماددىغا يىغىنچاقلاندى. بۇ يەتتە ماددا گەرچە ئىخچام مىسال تەرىقىسىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆججەتنىڭ باشقا جايلىرىدا بەك كۆپ تەكرارلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەزى نۇقتىئىنەزەرلەر كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي ئىزناسى نامايان قىلىندى. بىرىنچى ماددا ئومۇمىي ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە يادرولۇق رولى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى سۆزلەنگەن؛ قالغان ماددىلار ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسىلە ئاساسىدا شەرھلەنگەن، ھەربىر مەسىلە يەنە بىرنەچچە مەسىلىگە بۆلۈنۈپ، بىرقەدەر مۇكەممەل سىستېمىنى ھاسىل قىلغان.

پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى پۈتكۈل نەزەرىيىسىگە باغلاپ مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى سۆزلىگەندە، ئاساسلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن سۆزلەش، ئومۇمىي تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن ۋە يېڭى دەۋردىكى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن سۆزلەش، بىرنەچچە چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ستراتېگىيىلىك ئىدىيە جەھەتتە ھاسىل قىلىنغان بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىق نۇقتىسىدىن سۆزلەش كېرەك. بۇلاردىن چەتنەپ، نەزەرىيىنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم بىر ساھە ۋە مەلۇم نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىش، خەت يۈزىدىن، سۆزلەرنىڭ ئېلىنىشىدىن سېلىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىش ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس. خۇددى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيىسىمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

جۇڭگو جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-تۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى غەلىبىلىك ئىلگىرى سۈرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى يولىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى غەلىبىلىك ئىلگىرى سۈرىدىغانلا بولساق، بۇ جەرياندا، بىزنىڭ نەزەرىيىلىرىمىز، جۈملىدىن پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيىمىز چوقۇم يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

(ئاپتور: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تەلئەت ئىبراھىم
رىسالەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئەركىنجان
ئالىمجان

# ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك

**چېن جىڭجاڭ**

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ”ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك.“ بۇ—يېڭى مەزمۇنغا ئىگە پرىنسىپاللىق بەلگىلىمىدۇر. بۇ يېڭى بەلگىلىمىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى قانداق تونۇش ھەم ئۇنى قانداق قىلىپ يېڭى دەۋردىكى كادىرلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم پرىنسىپ قىلىپ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇش يېڭى، مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي ھادىسە ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى ھاسىل قىلغان مۇلاھىزىسىدۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسى خەلق ئاممىسىنىڭ توغرا پىكرىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىنكاسى، خەلق رايىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ھەرۋاقىت ساقلايدىغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دائىم دىققەت قىلىپ تۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ھەم ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق. ئادەمنى ئىشقا قويۇشتا

ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇش بىلەن ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشتەك ئىككى لۇشيەن بار، ئالدىنقىسى توغرا لۇشيەن، كېيىنكىسى ناتوغرا لۇشيەن. تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەر ھاكىمىيىتىنىڭ روناق تېپىش ياكى خارابلىشىشى مۇستەسناسىز ھالدا ئادەملەرنى ئىشقا قويۇشتا قانداق لۇشيەننى ئىجرا قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتىن ئىبارەت كادىرلار لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدى، ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، بۇ لۇشيەننى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى. ياخشىلار دېگەنلىك ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك دېگەنلىكتۇر، ئوخشاش بولمىغان دەۋردە، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، كادىرلارنىڭ ئەخلاقى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆلچەشتە، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشتىكى ئەمەلىي نەتىجىسىگە قاراش لازىم. ئەمەلىي نەتىجە كادىرلارنىڭ ئەخلاق ۋە قابىلىيەت ساپاسىنىڭ بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ماددىي شەكىلدىكى ئىپادىسى بولۇپ، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ۋەزىپىگە قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. بىرەر كادىرنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئەمەلىي نەتىجىسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىنى ئۆلچەشتە، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرىي ئورگاننىڭ، مەلۇم رەھبەرنىڭ ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا پىكرىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، شۇ كادىرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ماختىشى تېخىمۇ ئاساس بولالمايدۇ، ئۇنى چوقۇم ئامما ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلغانلىق، ئەمەلىيەتتە، كادىرلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ئارقىلىق تونۇغانلىق، ئامما بىردەك ئېتىراپ قىلغان نەتىجىسىگە ئاساسەن تاللاپ ۋەزىپىگە قويغانلىقتۇر، بۇ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلغانلىقتۇر. ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا بۇنداق مېخانىزمنىڭ ئورنىتىلىشى ئايرىم كىشىلەرنىڭ ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە، شەخسىي ھېسسىياتقا ئاساسەن ياكى گۇرۇھۋازلىق نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالايدىغان ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويىدىغان ناچار خاھىش ۋە ناتوغرا ئىستىللارغا قارىتا ئىنتايىن زور چەكلىمە بولىدۇ؛ ئۇ ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇش، ئادەم ئىشلىتىشتىكى ساغلام كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، كادىرلار خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا پايدىلىق. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىمىزنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمىدۇر. كادىرلار خىزمىتىدە، بولۇپمۇ مۇھىم كادىرلارنى كۆرسىتىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئىشلىرىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش دىئالېكتىك ئاساستا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. مەركەزلەشتۈرۈش—دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش، تولۇق دېموكراتىيە بولمىسا، توغرا مەركەزلەشتۈرۈش بولمايدۇ. ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش جەھەتتىكى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسەن پارتكومنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە كوللېكتىپ قاراردا توغرا پىكىر مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك، ھالبۇكى توغرا پىكىرنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاممىۋى لۇشيەندە ماڭماي، ھەر تەرەپنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىماي بولمايدۇ. كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە، ئادەتتە ئايرىم سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدا مەلۇم چەكلىمىلىك بولغاچقا، ئىگەللەنگەن تەكشۈرۈش ماتېرىيالى بەزىدە كادىرلارنىڭ ماھىيەتلىك ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، تەكشۈرۈشتە ئىگەللەنگەن ئەھۋال ئەينەن بولماسلىق ھادىسىسىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. كادىرلارنى تەكشۈرۈشتە ئايرىم سۆھبەتلىشىش بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىشنى جانلىق بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندا، تەكشۈرۈشتە ئوڭاي ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگەللىگىلى، شۇ ئارقىلىق، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ توغرا پىكرىنى تېخىمۇ ئوبدان مەركەزلەشتۈرگىلى، پارتكومنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرە ۋە تەتقىق قىلىپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە توغرا قارار چىقىرىشى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىپ بەرگىلى، ئادەم ئىشلىتىش توغرىسىدىكى قاراردا سەۋەنلىكتىن ساقلانغىلى ياكى سەۋەنلىكنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلتۈرىدىغان مۇھىتنى ياخشىلاشقا پايدىلىق. مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسىر ھالقىپ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تېرىشىپ يېتىشتۈرۈش پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. بۇ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، زور تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە، ئىختىساس

ئىگىلىرىنى تېپىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، ئىختىساس ئىگىلىرى مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ھازىر بىزدە ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپىيىپ كەتكىنى يوق، بەلكى ھەقىقىي ئىختىساسلىق كىشىلەر ئوبدان بايقالمايۋاتىدۇ.“ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 676-بەت) بۇ بايان كۈچلۈك رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېپىپ چىقىش قىيىن، بايقاشمۇ قىيىن. بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور تۈركۈم ”ھەقىقىي ئىختىساسلىق كىشىلەر“گە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كىشىلەر تېخى ئوبدان بايقالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، زور تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مۇھىتنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش بۇنداق مۇھىتنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم تەدبىرىدۇر. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب شۇكى، ئىختىساس ئىگىلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىغا يىلتىز تارتقان بولىدۇ، ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئامما تەرەپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى، شۇنداقلا مۇئەييەن شارائىتتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىدا ئەكس ئېتىشى مۇقەررەر. جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا قاراپ ئىختىساس ئىگىلىرى ئۇچۇرىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تونۇش ۋە تاللاشتا ئاممىغا تايىنىدىغان بولساقلا، مۇقەررەركى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى دېموكراتىيە ئاساسىدا كۆرسىتىدىغان قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئادەم تاللاش جەھەتتىكى نەزەرنى ۋە ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش يولىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، ئامما ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك دېگەنلىك، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، خەلقنىڭ رايىنى چۈشىنىش، خەلقنىڭ رايىغا ھۆرمەت قىلىش، خەلقنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. خەلقنىڭ رايىنى چۈشىنىش دېگەنلىك جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسى ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش جەھەتتىكى ئارزۇسى ۋە توغرا پىكرىنى ئىگىلەش دېگەنلىكتۇر؛ خەلقنىڭ رايىغا ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك كادىرلار قوشۇنىنى ”تۆتلەشتۈرۈش“ فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمىنى ”خەلق قوللامدۇ، قوللىمامدۇ“، ”خەلق خوشال بولامدۇ، بولمامدۇ“، ”خەلق رازى بولامدۇ، بولمامدۇ“ دېگەن قىممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈنىلىشى بىلەن ئورگاننىڭ ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بۇنى كادىرلارنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى پەرق ئېتىش، كادىرلارنىڭ تۆھپە-سەۋەنلىكىنى باھالاش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنىڭ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنىڭ ئاساسى قىلىش دېگەنلىكتۇر؛ خەلقنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىش دېگەنلىك ئامىمنىڭ توغرا پىكرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، ئامىمنىڭ كادىرلارنى پەرق ئېتىش، ئىختىساسلىقلارنى كۆرسىتىش ۋە ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى نازارەت قىلىش جەھەتتىكى ئىجابىي رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. يۇقىرىقى تەلەپ بويىچە ئىش قىلغاندا، كادىرلار خىزمىتىدىكى ئۆز-ئۆزىنى قامال قىلىش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتىن كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك:

ئۇچۇر توپلاشقا دىققەت قىلىش. جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش كېرەك، ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشتە تېز بولۇش، ئەھۋاللارنى ئېنىق بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دائىم ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆپرەك تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن كۆزى ئۆتكۈر، قۇلىقى ئۇزۇن بولۇپ، ئادەم ئىشلىتىش ساھەسىدىكى تەدبىر كۆرگۈچى ئاپپاراتنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دائىر ئۇچۇرلارغا ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ توغرىلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تۈرلۈك پىكىرلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش. جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسى مەلۇم دائىرە، مەلۇم دەرىجىدە خەلق ئاممىسىنىڭ توغرا پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بىراق ئۇ ئامىمنىڭ توغرا پىكرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراڭلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالمۇ دائىم ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە چېتىلىدىغان كونكرېت مەزمۇنلىرى، ئوبيېكتلىرىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. پەقەت ئىلمىي تەھلىلنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ھەقىقىي تۈردە توغرا پىكىرنى قوبۇل قىلىش. جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئامىمنىڭ توغرا پىكرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنداق بولمايدىكەن، جامائەتچىلىك ئومۇمىي باھاسىنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە، بىرىنچىدىن، ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش ئۆتكىلىنى

چىڭ تۇتۇش كېرەك. جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىدا ئىپادىسى ياخشى ئەمەس دەپ تونۇلغان كادىرلارغا نىسبەتەن، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، ئېغىر مەسىلىسى بارلىرىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىپ، ھەرگىز يامانىنى رايىغا قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك؛ ئىدىيىۋى پەزىلىتى ناچار، ئەمەل تەلەپ قىلغانلىرىنى ئۆستۈرۈپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويماسلىق كېرەك؛ ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۆچلۈك بولۇپ، مەسىلىسىنى دەرھال ئېنىقلاش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن روشەن ئالامىتى بارلىرىنى ئاسانلىقچە ئەتىۋالاپ ئىشقا قويماسلىق كېرەك؛ تەشكىلنىڭ قارىشى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسى بىر يەردىن چىقمىغان چاغدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، ئۆتكەلنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىختىساسلىقلارنى ئىشقا قويۇشتا بىر خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك. ئومۇمەن ئامما ئېتىراپ قىلغان مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تەربىيىلەشنى تېزلىتىپ، ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشلىتىش كېرەك. بىز ئىختىساسلىقلارنى بايقاشقىلا ماھىر بولۇپ قالماي، بەلكى ئىختىساسلىقلارنى ئىشقا قويۇشقىمۇ ماھىر بولۇشى-مىز، تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، ئامما ھىمايە قىلىدىغان مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تېزدىن ئۆستۈرۈپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈشىمىز لازىم. ئۈچىنچىدىن، خىزمەتنى ياخشىلاشقا جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك. ئەگەر ھەقىقەتەن بەزى ئېغىر سەۋەنلىك، ئېغىش ياكى ئادىل بولماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ قالسا، ئۇنى مۇۋاپىق ھالدا تۈزىتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك، بۇ خىل تۈزىتىش ۋە ياخشىلاش جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش ئىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغانلىق، شۇنداقلا بىر جايدىكى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بەلگە-دۇر.

جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى پائال يېتەكلەش. كادىرلار مەسىلىسىگە چېتىلىدى-غان جامائەتچىلىك ئومۇمىي باھاسىنىڭ بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىدۇ، بەزىدە ئۆزگى-رىپ باشقىچە بىرنېمە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنى يېتەكلەشكىمۇ ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئاقىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، پىكىرگە كەڭ يول ئېچىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر بايان قىلىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ۋە سورۇن يارىتىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ھالەتتىكى جامائەت پىكرىنى ئاشكارا بايان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنى نورمال يولغا سېلىش كېرەك؛ ھەر خىل شەكىلدىكى تەشۋىقات-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەن ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئاممىغا تاپشۇ-

رۇپ، ھەممە كىشىنى رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنى قوللايدىغان قىلىش، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى كۈچلۈك تۈرتكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، بۇمۇ جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ.

ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش ئىشى، كۈچلۈك سىياسىي تۈس ۋە سىياسەت تۈسىنى ئالغان مەسىلە، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش ئاسانغا توختىمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش-بەرمەسلىكى، مۇھىمى، مۇنداق ئىككى ئىشقا باغلىق:

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلاردا يۈكسەك دەرىجىدە ئاڭلىقلىقى بولۇشى، ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشقا ئائىت جامائەتچىلىك ئومۇمىي باھاسىغا مۇئامىلە قىلىشتا مۇنداق تۆت خىل پوزىتسىيىنى تۇتۇشى كېرەك: بىرىنچىدىن، سەمىمىي بولۇش، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىدا ئىنكاس قىلىنغان پىكىرلەرنى سەمىمىيەت بىلەن ئاڭلاش، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق، يۈزەكى ئىش قىلماسلىق كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قەتئىي بولۇش، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىدا توغرا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەردىن رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر كۆرۈش جەھەتتىكى سەۋەنلىكىگە ياتىدىغانلىرىنى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ توغرىلاش، ناتوغرا ئىستىلغا ياتىدىغانلىرىنى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تۈزىتىش، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشنىڭ جىددىيلىكى ۋە پرىنسىپاللىقىنى قوغداش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، چىڭ ئىرادە بولۇش، ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش ئۇزاققىچە ئىشلىنىدىغان دائىملىق خىزمەت، شۇڭلاشقا، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا بىر مەھەللا دىققەت قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئىزچىل تۈردە دىققەت قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى دائىم ساقلاپ تۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتچان بولۇش؛ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش، شەخسىيەتچىلىكنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، ھەر يەر-ھەر يەردىن ئادەم تاللاشتا چىڭ تۇرۇش، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە كۈچلۈك پارتىيىۋىلىكنى ئىپادىلەش كېرەك.

ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش مەسىلىسىدە تۆۋەن دەرىجىلىكلەردىن دائىم سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارغا دائىم

ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ توغرا پىكرىنى پائال قوبۇل قىلىپ، كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش ئىشىنى كارامەت ياخشى ئىشلىگەنلەرنى راسا تەقدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش كېرەك؛ ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا ئېغىر ھالدا ئاممىدىن ئايرىلىپ، جامائەتچىلىك-نىڭ ئومۇمىي باھاسىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە ئېغىر سەۋەنلىك كەلتۈرۈپ قويغانلارغا جىددىي تەنقىد، تەربىيە بېرىش، ھەتتا تەشكىلىي جەھەتتىن زۆرۈر تەدبىرنى قوللىنىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، "ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك" دېگەن يوليورۇقنىڭ روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارمۇ باشلامچى بولۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتىدىغان، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكلەيدىغان، دەرىجىمۇ دەرىجە ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم.

**(ئاپتور: ج ك پ شياپۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**تەلئەت ئىبراھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

01>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5－V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号：2－373 定价：1.50 元 邮政编码 100013